# گۇۋاھلىق باياناتى

## مېھرىگۇل تۇرسۇن

1. ئىسمىم مېھرىگۇل تۇرسۇن ، مەن 1989-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەرچەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. مىللىتىم ئۇيغۇر. ئون ئىككى ياش ۋاقتىمدا ، ھۆكۈمەتنىڭ كىچىك ياشتىكى ئۇيغۇر بالىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش ئاسسىمىلياتسىيە پروگراممىسىغا ئاساسەن ، گۇاڭجۇغا ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ كېلىندىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇيغۇر بالىلىرىنى خەنزۇ ئورگانلارغا سىڭدۈرۈپ ، ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدىن يىراق يەرلەردە خەنزۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئىدى. شەخسەن ، بۇ كەچۈرمىش ماڭا مىللىي كىملىكىمنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى. خىتاي شەھىرىدىكى خىتاي مەكتىپىدە ياش بىر ئۇيغۇر سۈپىتىدە باشتىن كەچۈرگەن كەمسىتىش ۋە ھاقارەت، ئۆزۈمنىڭ كۆپ ساندىكى خەنزۇلار بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدۇردى. گۇاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىقتىساد كەسپىدە ئوقۇغان ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن سودا قىلىدىغان شەخسىي شىركەتتە ئىشلىگەندىن كېيىن ، 2011-يىلى 12-ئايدا مىسىردىكى بىرىتانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەرەپ تىلىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىي ئۆگىنىشكە تىزىملاتتىم ، ئۇ يەردە يولدىشىم بىلەن تونۇشتۇم. 2015-يىلى 3-ئايدا ، مىسىر پۇقراسى بولغان، ساغلام ئۈچكېزەك ، ئىككى ئوغۇل ۋە بىر قىز تۇغدۇم. ئۈچ بالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش تەس بولغانلىقى، بولۇپمۇ ئاتا-ئانامنىڭ قايتىپ كېلىشىڭ دەپ چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، 2015-يىلى 5-ئاينىڭ 13-كۈنى ئىككى ئايلىق بولغان ئۈچ بالامنى ئېلىپ ئاتا-ئانامنىڭ ياردەمدە بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىقتىم.

2. ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا چېگرا كونتروللۇقىغا كەلگەندىن كېيىن ، مېنى بىر ئۆيگە سوراققا ئېلىپ باردى ۋە بوۋاقلىرىمنى مەندىن ئېلىپ كەتتى. دائىرىلەر مەندىن مىسىردا كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ۋە كىملەر بىلەن پاراڭلاشقانلىقىمنى قايتا-قايتا سورىدى. ئاندىن ئۇلار قولۇمغا كويزا سېلىپ ، ئاغزىمنى چاپلاپ، بېشىمغا قارا خالتا كەيگۈزۈپ ، مېنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ ماڭدى. مېنى ماشىنىغا چىقارغۇچە ئىنتىرگەچكە، بۇرنۇم سۇنۇپ، بەك كۆپ قان ئېقىپ كەتتى. مەن تۈرمىدەك يەرنىڭ يەر ئاستى سوراق ئورنىغا ئېلىپ كېلىندىم. بۇ يەردە تۆمۈر رىشاتكىدىن خېلى كۆپ چەتئەللىكلەرنى كۆردۈم. مېنىڭ ئەرەپچە بىلىدىغانلىقىمنى بىلىپ، بىر مالايسىيەلىك ئايالغا تەرجىمانلىققا ھەم سالدى. ئۇ ئايالنىڭ يولدىشى ئۇيغۇر ئىكەن. قولغا ئېلىپ بوپتۇ. ئايال مالايسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ئارىلىشىدىغانلىقىنى دىگەندە، ئۇنى قاتتىق ئۇردى، ھەم بۇ يەردىن تىرىك چىقىپ كېتەلىسە ئاندىن ئارىلىشالايدىغانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ جۇڭگو ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ يەرنىڭ قانۇنى بىلەن قانداق قىلسا قىلالايدىغانلىقىنى دىدى. مېنى ئۈچ كېچە كۈندۈز سوراق قىلدى. كېيىن قاپقاراڭغۇ ئۆيگە يالغۇز يەتتە كۈن سولاپ قويدى. ئۇندىن كېيىن، ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى كامېرغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە ئوتتۇز نەچچە ئايال بار ئىدى. تامىقىمىزغا موما، گۈرۈچ قايناتمىسى بېرەتتى. قىزىل ناخشىلارنى ئېيتقۇزاتتى. خىتايچە كىتاپلارنى ئوقۇغىلى سالاتتى. بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ بەزىلىرى نورمىدىن سىرت بالا تۇغقانلىقى ئۈچۈن، بەزىلىرى پەقەت كىملىك ۋاقتى توشۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى.

3. 7- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ، بالىلىرىمنىڭ كېسەللىكى سەۋەبىدىن ماڭا شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەنلىكىمنى ئېيتتى. ئۇلار ماڭا بالىلىرىم ياخشى بولغۇچە بىللە تۇرالايدىغانلىقىمنى ئېيتتى ، ئەمما يەنىلا نازارەت ئاستىدا ئىكەنلىكىمنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇلار مېنىڭ پاسپورتىم ، كىملىكىم ۋە يانفۇنۇمنى تارتىۋالدى. مەن ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بېرىپ بالىلىرىمنى كۆردۈم. چوڭ ئوغلۇم جىددى قۇتقۇزۇش ئورنىدا ئىدى ، مەن ئۇنى پەقەت ئەينەك دېرىزىدىنلا كۆرەتتىم. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىنمىدىم. ئەتىسى ، دوختۇرلار ئوغلۇمنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ئۇنىڭ سالامەتلىكى قىينىلاشقانلىقتىن قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى ، ماڭا ئۇنىڭ جەسىتىنى بەردى. مەن تۈرمىدىكى ئۈچ بالامنىڭ ھەممىسىنىڭ بويۇن قىسمىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىنى بايقىدىم. ماڭا تاماق يېيەلمىگەچكە بويىندىن نەيچە ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇنى چۈشەنمىدىم. مىسىردا بالىلىرىمنى مەسىلىسىز ئېمىتىۋاتقان ئىدىم. مېنىڭ باشقا ئىككى بالامنىڭ سالامەتلىكىدە ئەگەشمە كېسەللىكلەر پەيدا بولدى ، مەن كېيىنكى بىر نەچچە ئايىنى قىزىمنىڭ كۆز ئوپېراتسىيىسى قاتارلىق داۋالاشلارنى قىلغۇزۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مىسىرغا قايتىپ كېتەلمىدىم ، چۈنكى ھۆججەتلىرىمنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان. ھەم قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ئىدىم: كىملىكىمنى قەيەردە ئىشلەتسەم ، ھەتتا دوختۇرخانا ، دورىخانا ياكى ئاپتوبۇستىمۇ سايرايتتى. ساقچىلار مېنىڭ كىملىكىمنى تەكشۈرۈپ، مېنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمىمنى تەستىقلىشى كېرەك ئىدى.

4. 2017- يىلى 4-ئايدا ، مەن چەرچەن ناھىيىسىدىكى ئۆيىمىزدە ئىدىم ، ساقچىلار مېنى ئىككىنچى قېتىم تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدى. چەرچەن ناھىيەلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا ئېلىپ باردى. ئۈچ كېچە-كۈندۈز سوراق قىلىندىم. ئۇلار ھەممىشە مەندىن ئوخشاش سوئاللارنى سورايتتى: «چەتئەلدە كىمنى تونۇيسەن ؟ كىمگە يېقىن ؟ قايسى تەشكىلاتتا ئىشلەيسەن ؟ »دىگەندەك. مېنىڭچە ، مەن چەتئەللەردە ياشىغان ۋە بىر قانچە چەتئەل تىلىدا سۆزلەيدىغان بولغاچقا ، ئۇلار ماڭا جاسۇس دەپ بەلگە قويماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشلىرىدىن ئاغزى بۇرنۇم قاناپ كېتەتتى. شاپىلاق بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ، ئوڭ قۇلۇقۇمنى پاڭ قىلىپ قويدى. ئۇلار ماڭا ئىككى قېتىم دورا بەردى، ئۇلار بارمىقى بىلەن ئاغزىمنى تەكشۈرۈپ ، دورىنى يۇتقانلىقىمنى جەزملەشتۈردى. دورىنى يىگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى خامۇش ھېس قىلدىم ، كاللام گاراڭ گۇرۇڭ بولۇپ قالدى ، ئىشتىھايىمنى يوقىتىپ قويدۇم. شۇ ھالدا يەنە سوراق قىلدى. ياندىكى سوراقخانىدا ئىككى ئايالنى ياپ يالىڭاچ قىلىپ، ئىتقا تالىتىمىز دەپ ئىت بىلەن قورقىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدىم.

ئۇندىن كېيىن چەرچەن ناھىيەلىك دوختۇخانىغا تەكشۈرۈشكە ئاپاردى. ئۇ يەردە قان، سۈيدۈك، رېنتگېن، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى قاتارلىق تەكشۈرۈشلەرنى قىلدى. يەر ئاستىدا، يالىڭاچ ھالدا چوڭ، كومپيۇتېرلاشقان بىر ماشىنىغا سېلىندىم. جىنسىي ئەزا تەكشۈرۈشنى قىلغاندا بەك ئاغرىتىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە ئايغىچە ئادىتىم توختاپ كەتتى.

5. لاگىرغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ئايال ۋە ئىككى ئەر ئەمەلدار يالىڭاچ ھالەتتىكى بەدىنىمنى تەكشۈردى، ئۇلار چېچىمنى چۇشۇردى. ئاندىن ماڭا كۆك تۈرمە فورمىسى كىيدۈردى. ئۇنىڭدا 54 نومۇر يېزىلغان. بىر ئەمەلدار ماڭا بۇ كىيىمنى ئادەتتە ئېغىر جىنايەتچىلەر، ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ كىيىدىغانلىقىنى، «54» نىڭ يەنە خەنزۇ تىلىدا «مەن ئۆلدۈم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەك قورقتۇم، بۇ يەردە ئۆلمەن دەپ ئويلىدىم.

6. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار مېنى دېرىزىسى يوق يەر ئاستى كامېرغا ئېلىپ باردى. بۇ يەردە تۆمۈر دەرۋازا بولۇپ، ئىشىك كومپيۇتېرلاشقان قۇلۇپ سىستېمىسى ئارقىلىق ئېچىلدى. ئۆگزىسىدە پەقەت ھاۋا ئالماشتۇرىدىغان كىچىك تۆشۈك بار ئىدى، بىز ئەزەلدىن ساپ ھاۋا ئۈچۈن سىرتقا ئېلىپ چىقىلمىدۇق. ئىچى شۇنچىلىك سېسىق بولۇپ، ساقچىلار ئىشىكنى ئاچقاندا بۇرۇنلىرىنى ئېتىۋېلىشاتتى. بۇلۇڭدا، ئوچۇق ۋە تازىلىق قەغىزى يوق ھاجەت قاچىسى بار ئىدى. ھەممە تەرەپتە كامېرا بار بولۇپ، كۆزەتكۈچىلەر ھاجەتخانا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆينىڭ ھەر بىر بۇلۇڭىنى كۆرەلەيتتى. بىر چىراق ھەر دائىم يورۇق تۇراتتى. قىرىق كۋادرات مېتىرلىق كامېردا قىرىقتىن ئارتۇق ئادەم بار بولۇپ، كەچتە، ئوندىن ئون بەشكىچە ئاياللار ئۆرە تۇراتتى، قالغانلىرى ياتاتتى، بولمىسا سىغمايتتۇق. ئاندىن ھەر ئىككى سائەتتە بىر ئالمىشاتتۇق. ئۇ يەردە بىر يىلدىن ئارتۇق يېيۇنمىغان كىشىلەر بار ئىدى. تۈنجى كېچە ناھايىتى جاپالىق ئۆتتى. مەن بۇ ئاياللار بىلەن بىللە بىر يەرگە قىستىلىپ، قولۇم ۋە پۇتۇمغا زەنجىر باغلانغان ھالدا، زادى مەن نېمىنى خاتا قىلغانلىقىمنى ئويلايتتىم. مەن نېمىشقا ھېچقانداق ھۆكۈمسىز ۋە چۈشەندۈرۈشسىز بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ مەن قانداق جىنايەت سادىر قىلدىم؟ مەن نېمىشقا بۇنداق ئىنسانلىققا يات مۇئامىلىگە ئۇچرايمەن؟

7. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، سائەت 5 دە قاتتىق قوڭغۇراق سىگنالى بىلەن ئويغىناتتۇق. بىز ئورتاق ئىشلەتكەن ئالتە ئەدىيالنى قاتلايتتۇق. ئەگەر ئەدىياللار رەتلىك قاتلانمىسا ۋە سىممېترىك كۆرۈنمىسە بارلىق كامېردىكىلەر جازاغا ئۇچرايتتى: ئۇلار ئەدىيالنى ئېلىۋالاتتى، بىز سېمونت يەردە ئۇخلاشقا مەجبۇر بولاتتۇق. بىز گۇرۇچ سۈيىدىن بولغان ناشتىلىقىمىزنى يېيىشتىن بۇرۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى مەدھىيەلەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتاتتۇق ۋە بۇ جۈملىلەرنى خەنزۇچە تەكرارلايتتۇق: «شى جىنپىڭ ياشىسۇن»، «تەۋبە قىلغانلارغا كەڭچىلىك ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە جازا!». بىزگە لاگېرنىڭ قائىدىلىرىنى ئەستە ساقلاشقا يەتتە كۈن، كوممۇنىزم ئىدىئولوگىيىسى توغرىسىدىكى كىتابتىكى بارلىق مەزمۇنلارنى ئەستە ساقلاشقا ئون تۆت كۈن بېرىلگەن ئىدى. ئاۋازى ئاجىز، ياكى ناخشىلارنى خەنزۇچە ئېيتالمايدىغان ياكى لاگېرنىڭ كونكرېت قائىدىلىرىنى ئەسلىيەلمەيدىغان ئاياللارغا تاماق بېرىلمەيتتى ياكى جازالىناتتى. خەنزۇچە دېمەي دۆلەت تىلى دېيىشىمىز كېرەك ئىدى، بولمىسا شاپىلاق يەيتتۇق، تاماق بېرىلمەيتتى. قائىدە بويىچە، بىز كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يېيىشىمىز كېرەك ئىدى، چۈشتە موما بېرەتتى. بەزىدە شۇ موممۇ يوق. كەچتە بەزىدە موما، بەزىدە ئاق گۈرۈچ بېرەتتى. تۇتۇلغانلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، موملارمۇ بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتكەن ئىدى. يېڭى پۇشۇرغان ئەمەس، بەلكى ۋاقتى ئۆتۈپ، قېتىپ كەتكەن موملار ئىدى. قولىمىزغا بەرمەيتتى، يەرگە تاشلاپ بېرەتتى. بىزگە ھېچقاچان مېۋە ياكى كۆكتات بېرىلمىدى.

8. بىز يەنە نامەلۇم دورىلارنى يېيىشكە ۋە مەلۇم بىر خىل ئاق سۇيۇقلۇقنى ئىچىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇ دورا بىزنىڭ ھوشىمىزنى يوقاتقۇزۇپ، بايقاش ئىقتىدارىمىزنى تۆۋەنلىتىۋېتەتتى. ئاق سۇيۇقلۇق ئاياللارنىڭ ھەيزىنى توختاتقاندەك قىلاتتى، ئەمما بەزىلەردە ھەددىدىن زىيادە قاناشنى، ھەتتا ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. باشقا ۋاقىتتا ھېچقاچان سۇ بەرمىگەچكە، ئۆلۈپ كەتسەكمۇ مەيلى دەپ، دورىنىڭ باھانىسىدا ئازراق بولسىمۇ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرىۋالاتتۇق.

9. مەن 210-نومۇرلۇق كامېرغا تۇنجى كىرگىنىمدە، ئون يەتتە ياشتىن ئاتمىش ئىككى ياش ئارىلىقىدىكى باشقا قىرىق ئايال بار ئىدى. كېيىن كامېرغا تېخىمۇ كۆپ ئادەم توپلىدى: ئۈچ ئايدىن كېيىن مەن چىققۇچە، سانى ئاتمىش سەككىزگە يەتكەن ئىدى. مەن كامېردىكى ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسىنى بىلەتتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوشنىلار، ئىلگىرىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ قىزلىرى، دوختۇرلار، ئەنگلىيەدە ئوقۇغان ۋە ئىلگىرى مېنى داۋالىغانلار بار ئىدى. ئۇلار ئاساسەن ياخشى ئوقۇغان كەسپىي خادىملار ئىدى.

10. مەن ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈنلەر، قاماقداشلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئۆلۈمگە شاھىت بولغان ۋاقىتلىرىم ئىدى. لاگېر كېچىلەردە ئەڭ ئالدىراش بولاتتى: كىشىلەرنى كامېر ئارا ئالماشتۇرۇش ياكى جەسەتنى يۆتكەش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلار كېچىدە يۈز بېرەتتى. كېچە جىملىقىدا، بىز بەزىدە باشقا كامېرلاردىن كەلگەن ئەرلەرنىڭ ئازابلانغان ھالدا نالە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇرغان ۋە ئەرلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلايتتۇق. قول ۋە پۇتلىرىدىكى زەنجىرلەر يەرگە تېگىپ دەھشەتلىك ئاۋاز چىقارغاچقا، كىشىلەرنى كارىدوردا سۆرەپ ئېلىپ ماڭغانلىقىنى تۇياتتۇق. بۇ كىشىلەرنىڭ ئاتىمىز ياكى قېرىندىشىمىز بولۇش مۇمكىنچىلىكى بىزنى چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۈرەتتى. مەن بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە كامېردا توققۇز كىشىنىڭ قازا قىلغانلىقىغا شاھىت بولدۇم. ئەگەر كىچىك ناھىيىدىكى 210-نومۇرلۇق كىچىك بىر كامېردا ئۈچ ئاي ئىچىدە توققۇز ئادەم ئۆلسە، مەن پۈتۈن رايوندا قانچىلىك ئادەمنىڭ قازا قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. بۇ ئىشلار مېڭەمگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، تۇتقۇنۇم تۈتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن ھېچقاچان بۇنداق بولۇپ باقمىغان ئىدىم.

ئا) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى گۈلنىسا ئىسملىك ئاتمىش ئىككى ياشلىق ئايال. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە قىزىل يارا بار ئىدى ، قوللىرى تىترەپ تۇراتتى ، ھېچ نەرسە يېيەلمەيتتى. ئۇ قارىماققا ھەقىقەتەن ئېغىر كېسەلدەك قىلاتتى ، ئەمما لاگېردىكى دوختۇرلار ئۇنى ساغلام دەپ بېكىتتى. دوختۇرلار شۇنداق دېيىشى كېرەك ئىدى ، چۈنكى ئەگەر ئۇلار بىر مەھبۇسنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتسا ، بىمارلىرىغا ھېسداشلىق قىلدى ياكى قوللىدى دەپ قارىلاتتى. بىر كۈنى كەچتە ، گۈلنىسا خەنزۇچە جۈملىلەرنى يادلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ھاقارەتلەندى ۋە يىغلاپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە خورەك تارتمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنى ئويغاتماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ بەدىنى سوۋۇپ كەتكەن بولۇپ ئۇ ئۇيقۇدا قازا قىلغان ئىدى.

ب) پاتەمخان ئىسملىك يەنە بىر ئايال بار ئىدى. ئۇ يىگىرمە ئۈچ ياشتا ئىدى. ئانىسى قازا قىلغان ، يولدىشى ، دادىسى ۋە ئىنىسىنىڭ ھەممىسى لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇنىڭ جىنايىتى 2014-يىلى ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە ئۈتكۈزۈلگەن تويغا قاتناشقان ، يەنى بۇ تويدا ئۇسۇل ئويناش ، ناخشا ئېيتىش ۋە ھاراق ئىچىش بولمىغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ تويغا قاتناشقان تۆت يۈز كىشىنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇنى لاگېرغا ئېلىپ ماڭغاندا ، ئىككى بالىسى ئارقا ھويلىدا قالغان. ئۇ لاگېردا بىر يىل ئۈچ ئاي تۇرغان بولۇپ ، ھەر كۈنى بالىلىرىنىڭ ئىز-دېرىكى سەۋەبىدىن ئازابلىناتتى. بىر ئايدىن ئارتۇق قان كەلدى ، ئەمما داۋالاشقا ئېرىشەلمىدى. بىر كۈنى كەچتە ، ئۇ باشقا ئاياللار بىلەن بىللە ئۆرە تۇرغاندا ، تۇيۇقسىز يىقىلىپ، نەپەس ئېلىشى توختىدى. ماسكا تاقىۋالغان بىر قانچە قاراۋۇل كەلدى ۋە ئۇنى پۈتىدىن سۆرەپ ئېلىپ كەتتى.

11. لاگېردا ھەپتە، ئون كۈندە بىر سوراققا ئېلىپ چىقاتتى. ئاخىرقى قېتىم، مېنى «يولۋاس ئورۇندۇق» دەپ ئاتالغان تۆك ئورۇندۇق بار بىر ئالاھىدە ئۆيگە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدا پەقەت بىرلا چىراغ ۋە بىر ئورۇندۇق بار ئىدى. تامغا تاسما ۋە قامچىلار ئېسىلغان. قولۇم ۋە پۇتۇمنى چۈشەپ، بىر كۈنۈپكىنى بېسىش ئارقىلىق چىڭىتالايدىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلدۇم. بېشىمغا قالپاققا ئوخشايدىغان نەرسە قويۇلدى. ھەر قېتىم توك سوقۇلغاندا ، پۈتۈن بەدىنىم قاتتىق تىترەپ كېتەتتى ، تومۇرلىرىمغىچە ئاغرىقنى ھېس قىلاتتىم. مەن بۇنداق قىينىلىۋەرگىچە ئۆلۈپ كېتەي دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇلاردىن مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈندۇم. ئۇلار مېنى بىزەپ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەيتتى ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىشىمغا قىستايتتى، گەرچە مەن چەتئەلدە تۇرغان ۋاقتىمدا ھېچقاچان سىياسىي پائالىيەتكە قاتناشمىغان بولساممۇ. ئۇلار ماڭا پىسخىكا جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىپ: «ئاپاڭ ئالدىنقى كۈنى قازا قىلدى . داداڭ بىر ئۇمۇر تۈرمىدە ياتىدۇ. دوختۇرخانىدىكى ئوغلۇڭ قازا قىلدى. قىزىڭنىڭ كۆزى مەڭگۈ ئالغاي بولۇپ قالدۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇ كوچىدا قالدۇ. ئائىلەڭ ۋەيران بولدى» دەيتتى. بۇ مەن ئۈچۈن بەك تەس كەلگەن ئىدى. زور گۇناھ تۇيغۇسى ۋە ئۆزۈمنى ئەرزىمەستەك ھېس قىلاتتىم. مەن يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈندۇم. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئېسىمدە: «ئۇيغۇر بولۇش جىنايەت»، شۇنىڭ بىلەن ھوشۇمدىن كەتتىم. مېنى كامېرغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئەتراپىمدىكى ۋەھىمىلەر ، قىيىن قىستاقتىكى ئاغرىقلار، بولۇپمۇ پاتەمخاننىڭ شۇ كۈندىكى ئۆلۈمى ئېغىر كېلىپ، 6- ئاينىڭ 9- كۈنى يەنە بىر قېتىم ھوشۇمدىن كەتتىم.

12. ھوشۇمغا كەلسەم، ئۇرۇمچىدىكى روھى كېسەللەر دوختۇرخانىسدا ئىكەنمەن. ئوڭ قولۇم بىلەن سول پۇتۇمنى كارۋاتقا ئىشكەل بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ. دادام كېلىپ، ئىككى ساقچى بىلەن چەرچەنگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئەسلىمگە كەلگىچە ئىككى ساقچى يىگىرمە تۆت سائەت ئۆيىمىزدە تۇردى. ھەر ھەپتىدە بىر ئالمىشىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى بىز كۆتۈرەتتۇق. دادام ئۆيدە يوق چاغلاردا، ئاپام ۋە ماڭا پوخۇرلۇق قىلاتتى. شۇڭا دادامنى ئامال بار سىرتقا چىقارغۇزمايتتۇق.

13. 2017 يىلى 11 ئايدا، مېنى ئۈچىنچى قېتىم تۇتۇپ كەتتى. تۈرمىدەك بىر يەرگە ئېلىپ باردى. سېرىق كىيىم بەردى. ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولۇنغانلىقىنى دىدى. ۋەسىيەتمنى يېزىۋېلىشىمنى دىدى. ئۆلۈمۇم ئۈچۈن ئۈچ خىل تاللاش باركەن. دورا يەپ، ئارغامچىدا ئېسىلىپ ياكى ئوقتا ئېتىلىپ ئۆلۈشنى تاللىسام بولىدىكەن. ئەگەر كەيىندىكىسىنى تاللىسام، ئۈچ پاي ئوق ئۈچۈن 1800 يۈئەن تۆلەيدىكەنمەن. بۇ يەردە يالغۇز سولاندىم. ئارلىقتا يەنە ئىككى لاگېرغا يۆتكەدى. ئۇ يەردە، بىر يەرلەردە ئىشقا سېلىنىپ قوللىرى زەخمىلەنگەن ئاياللارنى كۆردۇم.

14. بۇ قىيىن-قىستاق ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن كېيىن ، مەن تىرىك چىقمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. مەن ھېلىھەم بۇنىڭغا ئىشىنەلمەيمەن. قويۇپ بېرىلىدىغانلىقمنى ئېيتىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن ، ماڭا نامەلۇم ئوكۇل ئۇرۇلدى. مەن بەك قورقۇپ كەتتىم. مېنى ئاستا-ئاستا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. دائىرىلەر ئوقۇش ۋە ئىمزا قويۇش باياناتىنى بەرگەندە، مەن يەنىلا ھايات ئىكەنلىكمىدىن ھەيران قالدىم. مەن ئۇنى ئوقۇدۇم ۋە ئۇلار مېنى سىنىغا ئېلىۋاتقاندا قەسەم قىلدىم. باياناتتا مۇنداق دېيىلدى: «مەن جۇڭگو پۇقراسى ، مەن جۇڭگونى ياخشى كۆرىمەن. مەن ھەرگىزمۇ جۇڭگوغا زىيان سالىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. جۇڭگو مېنى ېبقىپ چوڭ قىلدى. ساقچىلار ئەزەلدىن مېنى سوراق قىلمىدى ، قىينىمىدى ، ھەتتا تۇتۇپ تۇرمىدى ». باللىرىمنى مىسرغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن چوقۇم جۇڭگوغا قايتىشىم كېرەكلىكىنى ، ئاتا-ئانام ، قېرىنداشلىرىم ۋە باشقا تۇغقانلىرىمنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىنى ئېسىمدە تۇتۇشۇم كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇردى.

15. 2018-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى ، ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ، مەن كامېردىن چىقتىم ، ئاخىرى بالىلىرىمنى كۆرەلىدىم. مەن ئاتا-ئانامنى كۆرمىدىم ۋە ئۇلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى سوراشقا رۇخسەت قىلىنمىدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىككى بالام بىلەن يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم.

ماتريال كەم دىگەن باھاندە، ئۈچ قېتىم ئايروپىلانغا چىقىشىم رەت قىلىنىپ، بىيجىڭدا يىگىرمە كۈن تۇرۇپ قالدىم. تۆتىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇشتا ،ئايروپىلانغا چىقالدىم ۋە 4-ئاينىڭ 28-كۈنى قاھىرەگە قوندۇم. ئىسمىنى يوقاتقان ۋە قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئىدىم. نېمە قىلىشنى بىلمەيتتىم. ئەگەر مەن جۇڭگوغا قايتمىسام، ئاتا-ئانام ۋە قېرىنداشلىرىم لاگېرغا كىرىشى، ھۆكۈمەت ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما مەن قايتسام ، لاگېردا ئۆلۈپ كېتەتتىم. جۇڭگو دائىرىلىرى يەنىلا ئائىلەمنى لاگېرلارغا سولىيالايتى. ياكى ئۆلتۈرەلەيتتى. ئاخىردا ، مەن جاسارىتىمنى يىغىپ، مېنى ۋە باشقىلارنى قىيىنغان كىشىلەر قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن جازالىنىشى كېرەك دىگەن نىيەتتە، جۇڭگونىڭ مەخپىي جازا لاگېرلىرى ھەققىدە دۇنياغا سۆزلەشنى قارار قىلدىم.

16. مەن ئاخىرى ئامېرىكىغا يىتىپ كېلىپ ، 2018-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى ۋىرجىنىيەگە چۈشتۈم. مەن بەك گاڭگىراپ قالغان ،ھەم ئۇ كۈنى خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغمىغان ئىدى. مەن ھازىر ئىككى بالام بىلەن ئامېرىكىدا تۇرىمەن. ھاياتىم يەنىلا تۈيۈقسىز قورقۇنچ ۋە تەشۋىش قىسمەتلىرى ئىچىدە ئۆتىدۇ. بالىلىرىمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىق مەسلىسى بار. ئۇلار بىرسى ئىشىكنى چەككەندە قورقىدۇ ، مەندىن ئايرىلىشتىن قورقىدۇ. بەدىنىمدە توختىماي ئۇرۇلۇشنىڭ جاراھەت ئىزلىرى ، بىلەك ۋە پۇت قولۇمدا كېشەنلەرنى تاقاش سەۋەپلىك ئاغرىقلار بار. قاتتىق ئۇرۇلغانلىقىم ئۈچۈن، ئوڭ قۇلقىم بىلەن ئاڭلىيالمايمەن. مەن قاراڭغۇلۇقتىن ھەم بەك يورۇق ياكى شاۋقۇندىن قورقىمەن. ساقچى گۇدۇكلىرى ماڭا تەشۋىش سالىدۇ ۋە يۈرەك سوقۇشىمنىڭ تېزلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىدە ، نەپەس قىيىنلىشىپ ، بەدىنىم تىت-تىت بولۇپ ، يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. كېچىلەردە قارا باسىدۇ. گەرچە ماڭا بۇ يەردە بىخەتەر ئىكەنلىكىمنى ئېيتقان بولسىمۇ ، مەن يەنىلا كېچىدە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئىشىكىمنى چېكىپ ، مېنى ئېلىپ كېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن. مەن يەنە جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ مېنى نازارەت قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. بىر قېتىم ، بىر توپ جۇڭگولۇق ئەرلەر ماڭا سىرتتا ئەگەشتى، ماشىنىغا چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئەگىشىپ ماڭدى.

17. مېنىڭچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاكامنى مەن بىلەن ئالاقە قىلىشقا قىستىدى. ئۇ مەن جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن تېلېفوندا بىر ئاۋازلىق گەپ قالدۇرۇپتۇ. ئاكام دەيدۇكى: « ئاتا-ئانىڭىزغا ، بىزگە قانداقمۇ بۇلارنى قىلالىدىڭىز ؟ سىز قانداق بىر قىز ؟ سىز ھازىر جۇڭگو ئەلچىخانىسىغا بېرىپ ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىغا بەرگەن زىيارىتىڭىزدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئەيىبلىشىڭىز ھەمدە ئۇلارغا جۇڭگونى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىشىڭىز كېرەك. ئۇلارغا ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئېسىمىدە ، لاگېردىكى تۇتۇلۇپ تۇرۇشىڭىز ۋە قىيناشلار ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلىكىڭىزنى ۋە ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. بولمىسا ، سىز قەيەرگە يوشۇرۇنماڭ ، جۇڭگو سىزنى قولغا ئالالايدۇ ». مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ماڭا شۇنچە يىراقتىن تەھدىد سېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. بۈگۈنمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا ئازار بېرىشتىن قورقىمەن.

مەن بۇ گۇۋاھلىق باياناتىنى ئوقۇدۇم ۋە چۈشەندىم، مەزمۇنىغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى جەزملەشتۈرىمەن.

يىل ئاي كۈن 2021-04-09 ئىمزا

